بسم الله الرحمن الرحيم


# ئىسلام ئاۋازى

## 36- سان

(قوش ھەپتىلىك گېزىت)


# بۇلاقتىن تامچە

اللە تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِذْ زَيَّنَ لَهُمُ الشَّيْطَانُ أَعْمَالَهُمْ وَقَالَ لَا غَالِبَ لَكُمُ الْيَوْمَ مِنَ النَّاسِ وَإِنِّي جَارٌ لَكُمْ فَلَمَّا تَرَاءَتِ الْفِئَتَانِ نَكَصَ عَلَى عَقِبَيْهِ وَقَالَ إِنِّي بَرِيءٌ مِنْكُمْ إِنِّي أَرَى مَا لَا تَرَوْنَ إِنِّي أَخَافُ اللَّهَ وَاللَّهُ شَدِيدُ الْعِقَابِ ۞ إِذْ يَقُولُ الْمُنَافِقُونَ وَالَّذِينَ فِي قُلُوبِهِمْ مَرَضٌ غَرَّ هَؤُلَاءِ دِينُهُمْ وَمَنْ يَتَوَكَّلْ عَلَى اللَّهِ فَإِنَّ اللَّهَ عَزِيزٌ حَكِيمٌ ۞﴾.

## ئايەتنىڭ تەرجىمىسى

«ئۆز ۋاقتىدا شەيتان ئۇلارغا (قەبىھ ئەمەللىرىنى چىرايلىق كۆرسىتىپ: <ھېچقانداق كىشى سىلەرنى يېڭەلمەيدۇ، مەن ھەقىقەتەن سىلەرگە مەدەتكار> دېگەن ئىدى. ئىككى قوشۇن ئۇچراشقان چاغدا شەيتان ئارقىسىغا چېكىنىدى ۋە: <مەن سىلەردىن ئادا-جۇدامەن، سىلەر كۆرمەيۋاتقاننى ھەقىقەتەن كۆرۈۋاتىمەن، مەن راستىلا اللە تىن قورقىمەن، اللە نىڭ ئازابى قاتتىقتۇر> دېدى [48]. ئۆز ۋاقتىدا مۇناپىقلار ۋە دىللىرىدا كېسەللىكى (يەنى شەك ياكى زەئىپلىك) بارلار: <بۇلارنى (يەنى مۇسۇلمانلارنى) ئۇلارنىڭ دىنى ئالدىدى (يەنى مۇسۇلمانلار ئۆز دىنىغا مەغرۇر بولۇپ، ئۆزلىرىنى يېڭىلمەس دەپ گۇمان قىلىپ، ئاز سانلىق تۇرۇقلۇق كۆپ سانلىقلار بىلەن ئۇرۇشۇشقا چىقتى)> دېدى. كىمكى اللە قا يۆلىنىدىكەن (اللە ئۇنىڭغا ئەلۋەتتە ياردەم بېرىدۇ). چۈنكى اللە غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [49]» (سۈرە ئەنفال 48-، 49- ئايەتلەر).

## ئايەتنىڭ تەپسىرى

سەييىد قۇتۇب رحمه الله بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: [بۇ ھادىسىدە قۇرئان تېكىستى شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، شەيتان مۇشرىكلارغا ئەمەللىرىنى چىرايلىق كۆرسەتتى، مۇشرىكلارغا پاناھلىق ۋە ياردەم بېرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنى جەڭگە چىقىشقا رىغبەتلەندۇردى. ئاندىن كېيىن «ئىككى قوشۇن ئۇچراشقان چاغدا شەيتان ئارقىسىغا چېكىنىدى ۋە: <مەن سىلەردىن ئادا-جۇدامەن، سىلەر كۆرمەيۋاتقاننى ھەقىقەتەن كۆرۈۋاتىمەن، مەن راستىلا اللە تىن قورقىمەن، اللە نىڭ ئازابى قاتتىقتۇر> دېدى». شۇنداق قىلىپ شەيتان ئۇلارنى ياردەمسىز تاشلاپ قويدى. مۇشرىكلار ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتكە دۇچار بولدى. شەيتان ئۇلارغا بەرگەن ئەھدىسىگە ۋاپا قىلمىدى. دەرۋەقە، شەيتان يۇرتلىرىدىن ھاكاۋۇرلۇق ۋە رىياخورلۇق بىلەن چىققان ھەمدە اللە نىڭ يولىدىن توسىدىغان مۇشرىكلارنى ئالدايتتى. مۇناپىقلار ۋە قەلبلىرىدە (يەنى ئىمانلىرىدا) زەئىپلىك بار بولغان كىشىلەر مۆئمىن گۇرۇھقا يامان گۇمانلارنى قىلاتتى. ئۇلار مۆئمىن گۇرۇھنى «سانى ئاز، تەييارلىقى زەئىپ ھالەتتە تۇرۇپ ئىنتايىن زور بولغان مۇشرىكلار قوشۇنىغا قارشى جەڭ قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ» دەپ قارايتتى. ئۇلار (يەنى ئىمانى زەئىپ كىشىلەر) ئۆزلىرىنىڭ ۋىرۇسلانغان قەلبى ۋە كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ماددىي كۆرۈنۈشلەرگە قارىتا چولتا نەزىرى بىلەن مۆئمىنلارنى «ئۆز-ئۆزىنى ھالاكەتكە تاشلىدى، ئۆزىنىڭ دىنىغا ئالدىنىپ ۋە مەغرۇرلىنىپ: <دىنىمىز بىزگە ياردەم بېرىدۇ> دەپ گۇمان قىلىشتى» دەپ ئويلايتتى. «ئۆز ۋاقتىدا مۇناپىقلار ۋە دىللىرىدا كېسەللىكى (يەنى شەك ياكى زەئىپلىك) بارلار: <بۇلارنى (يەنى مۇسۇلمانلارنى) ئۇلارنىڭ دىنى ئالدىدى (يەنى مۇسۇلمانلار ئۆز دىنىغا مەغرۇر بولۇپ، ئۆزلىرىنى يېڭىلمەس دەپ گۇمان قىلىپ، ئاز سانلىق تۇرۇقلۇق كۆپ سانلىقلار بىلەن ئۇرۇشۇشقا چىقتى)> دېدى...».

بەزى ئالىملارنىڭ قارىشىچە: «<مۇناپىقلار ۋە دىلىدا كېسەل (يەنى شەك ياكى زەئىپلىك) بارلار> بولسا مەككىدە ئىسلامغا مايىل بولغان لېكىن ئەقىدىسى توغرىلىنىپ بولالمىغان ۋە دىللىرى ئىمان بىلەن مۇستەھكەم بولمىغان شۇنداقلا قورقۇمسىرىغان ھالدا مۇشرىكلار ئارمىيىسى بىلەن بىرلىكتە مۆئمىنلەرگە قارشى جەڭگە چىققان بىر بۆلەك كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ ئازلىقىنى مۇشرىكلارنىڭ كۆپلۈكىنى كۆرگەندە يۇقىرىقى سۆزلەرنى قىلغان».

مۇناپىقلار ۋە دىلىدا كېسەل بارلار غەلىبە ۋە مەغلۇبىيەتنىڭ سەۋەبلىرىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى بىلەلمەيدۇ چۈنكى ئۇلار ئىشلارنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشىگىلا قارايدۇ. ئۇلاردا ئىشلارنىڭ ئىچكى كۆرۈنۈشلىرىگە باشلايدىغان بەسىرەت (يەنى قەلب كۆزى) يوق. ئۇلار ئەقىدە، اللە قا ئىشەنچ قىلىش، اللە قا تەۋەككۇل قىلىش ۋە اللە قا بولغان ئەقىدىدىن كېلىدىغان كۈچكە تايانمايدىغان گۇرۇھ ۋە قوشۇنلارنى كۆزگە ئىلماسلىق دېگەنلەرنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان يوشۇرۇن كۈچنى ھېس قىلىشمايدۇ.

ھەقىقەتەن ماددىي جەھەتتىكى زاھىرىي رېئاللىق ئىمانلىق قەلبلەر بىلەن ئىماندىن خالىي قەلبلەر ئوتتۇرىسىدا سىرتقى كۆرۈنۈش جەھەتتىن پەرقلەنمەيدۇ لېكىن ماددىي جەھەتتىكى زاھىرىي رېئاللىقنى ئۆلچەش ۋە باھالاش پەرقلىق بولىدۇ. مەسىلەن، ئىماندىن خالىي قەلبلەر پەقەت ماددىي جەھەتتىكى زاھىرىي رېئاللىقنىلا ئېتىۋارغا ئالىدۇ. ئىمانلىق قەلبلەر بولسا شۇ رېئاللىقنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان ھەقىقىي رېئاللىقنى ئېتىۋارلىق دەپ قارايدۇ چۈنكى بۇ ھەقىقىي رېئاللىق پۈتۈن كۈچ-قۇۋۋەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىمانلىق قەلبلەر ئەنە شۇ كۈچ-قۇۋۋەتلەر ئارىسىنى توغرا رەۋىشتە دەڭسىيەلەيدۇ: «كىمكى اللە قا يۆلىنىدىكەن (اللە ئۇنىڭغا ئەلۋەتتە ياردەم بېرىدۇ). چۈنكى اللە غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر»...

ئىمانلىق قەلبلەر مانا بۇ نۇقتىنى تونۇپ يېتىپ كۆڭۈللىرى ئارام تاپىدۇ. ئىماندىن خالىي قەلبلەر ئۆزىدىن پەردىلەنگەن ھېلىقى يوشۇرۇن كۈچنى ئېتىۋارغا ئېلىپ قويمايدۇ. دەل مۇشۇ نۇقتىدا — ھەر قانداق زامان ۋە ھەر قانداق ماكاندا تارازىنىڭ پەللىسىنى بېسىپ چۈشكۈچى ئاخىرقى نەتىجىنى بەلگىلەيدىغان ۋە ئەڭ ئاخىرىدا مەسىلىگە كېسىم چىقىرىدىغان ئامىلدۇر.

مۇناپىقلار ۋە قەلبىدە كېسەل بارلارنىڭ بەدر كۈنى مۇسۇلمان گۇرۇھ توغرىسىدا قىلغان: «بۇلارنى (يەنى مۇسۇلمانلارنى) ئۇلارنىڭ دىنى ئالدىدى (يەنى مۇسۇلمانلار ئۆز دىنىغا مەغرۇر بولۇپ، ئۆزلىرىنى يېڭىلمەس دەپ گۇمان قىلىپ، ئاز سانلىق تۇرۇقلۇق كۆپ سانلىقلار بىلەن ئۇرۇشۇشقا چىقتى)» دېگەن سۆزى بولسا ھەر زامان ۋە ھەر ماكاندىكى مۇناپىق ۋە دىلىدا كېسەل بارلارنىڭ ئەسكىرىي ۋە قورال كۈچى جەھەتتىن كۈچلۈك بولغان تاغۇتنىڭ زور قوشۇنىغا قارشى چىققان مۇسۇلمان گۇرۇھنى كۆرگەن چېغىدا تەكرارلايدىغان سۆزىدۇر. مۇسۇلمان گۇرۇھنىڭ بىردىنبىر ئىگە بولالايدىغان ئاساسىي جەڭ تەييارلىقى بولسا مۇشۇ دىنىدۇر. مانا شۇ — ئالغا ئىتتىرىگۈچى ھەرىكەتچان ئەقىدىدۇر؛ مانا شۇ — اللە نىڭ ئۇلۇھىيىتى (يەنى قۇلچىلىق قىلىنىش ھوقۇقى)گە ۋە اللە نىڭ مۇقەددىساتلىرىغا بولغان كۈندەشلىكتۇر ھەمدە مانا شۇ — اللە قا بولغان تەۋەككۇل ۋە اللە نىڭ ئۆز دوستلىرىغا بېرىدىغان ياردىمىگە ئىشەنچ باغلاشتۇر.

ھەقىقەتەن مۇناپىقلار ۋە دىلىدا كېسەل بارلار تاغۇتنىڭ زور قوشۇنىغا قارشى ئۇرۇش قىلىۋاتقان مۇسۇلمان گۇرۇھقا تاماشا قىلغان ھالدا قاراپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ دىللىرىدا خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىۋاتقان ۋە خەتەرنى كۆزگە ئىلمايۋاتقان مانا بۇ مۇسۇلمان گۇرۇھقا قارىتا مەسخىرە باردۇر. شۇنىڭدەك، ئۇلارنىڭ دىللىرىدا مۇسۇلمان گۇرۇھنىڭ كۆرۈنۈپ تۇرغان قىيىنچىلىق ۋە روشەن خەتەرلەرگە بۆسۈپ كىرگەنلىكىگە قارىتا ئەجەبلىنىش ۋە ھەيرانلىق باردۇر چۈنكى بۇلار ئۆزلىرىنىڭ قارىشىچە مۇسۇلمان گۇرۇھنىڭ بۇ خىل «تەنتەكلىك» ۋە «ئۆز-ئۆزىنى ھالاكەتكە تاشلاش» قاتارلىق ئىشلىرىنى ئەقىلگە سىغدۇرالمايدۇ. بۇلار دىن ۋە ئەقىدىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن ھاياتنى تىجارەت بازىرىدىكى سودا-سېتىق دەپ ھېسابلايدۇ. ئەگەر پايدا كۆرۈلسە باتۇرلۇق قىلىدۇ ئەمما خەتەر كۆرۈلسە: <تىنچ-ئامانلىققا ھېچنىمە يەتمەيدۇ> دېيىشىدۇ. ئۇلار ئىشلارنى مۆئمىنچە بەسىرەت (يەنى قەلب كۆزى) ئارقىلىق بىلىشمەيدۇ ۋە نەتىجىلەرنى ئىمان ئۆلچىمى بىلەن ئۆلچىمەيدۇ چۈنكى مۆئمىننىڭ ھېس-تۇيغۇسى ۋە ئۆلچىمىدە ئۇ خەتەرلىك ئىشلار ئىزچىل پايدا چىقىدىغان تىجارەتتۇر. يەنى بۇ تىجارەت غەلىبە-نۇسرەت ياكى شەھىدلىك ۋە جەننەتتىن ئىبارەت ئىككى ياخشىلىقنىڭ بىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، مۆئمىننىڭ كۆڭلىدە كۈچلەر ئۆزئارا پەرقلىق بولىدۇ چۈنكى ئۇلارنىڭ قەلبىدە اللە بار. مۇناپىق ۋە دىلىدا كېسەل بارلار (يەنى شەك ياكى ئىمانى زەئىپ كىشىلەر) بۇنى ئېتىۋارغا ئالمايدۇ.

ھەر دەۋر ۋە ھەر ماكاندىكى مۇسۇلمان گۇرۇھتىن تەلەپ قىلىنىدىغىنى شۇكى، ئۇلار ئىشلارنى ئىمان ۋە ئەقىدە ئۆلچىمى بىلەن ئۆلچىشى، مۆئمىنچە بەسىرەت ۋە قەلب بىلەن ئىدراك قىلىشى، ئىشلارغا اللە نىڭ نۇرى ۋە ھىدايىتى بىلەن قارىشى، تاغۇتنىڭ زاھىرىي ماددىي كۈچ-قۇۋۋىتىنى چوڭ كۆرۈپ ئۆزىنىڭ قۇۋۋەت ۋە ئۆلچىمىنى تۆۋەن كۆرمەسلىكى كېرەك چۈنكى اللە مۇسۇلمان گۇرۇھ بىلەن بىللىدۇر شۇنداقلا بۇ گۇرۇھ ئۆزىنىڭ دىققىتىنى اللە نىڭ مۇنۇ تەلىماتىغا ئىزچىل قارىتىشى كېرەك: «كىمكى اللە قا يۆلىنىدىكەن (اللە ئۇنىڭغا ئەلۋەتتە ياردەم بېرىدۇ). چۈنكى اللە غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر»] («في ظلال القرآن»دىن ئېلىندى).

## يۇقىرىقى ئايەتلەردىن ئېلىنغان پايدىلار

بىرىنچى، شەيتاننىڭ مۇشرىك ۋە كاپىرلارغا شېرىك ۋە كۇفرى ئىشلىرىنى چىرايلىق كۆرسىتىدىغانلىقى. شۇنىڭدەك، ئاسىي ۋە گۇناھكار مۇسۇلمانلارغىمۇ ھەم شۇ ئاسىي گۇناھكارلىقنى چىرايلىق كۆرسىتىدىغانلىقى.

ئىككىنچى، شەيتان (يەنى ئىبلىس)نىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ ۋاجىبلىقى. دېمەك، بۇ ۋاجىبنى تەرك ئېتىش (يەنى شەيتاننىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلىش) دىندىن چىقىرىۋېتىدىغان كۇفرىلىقتۇر چۈنكى بۇنى ئىنكار قىلغانلىق شەيتاننى زىكىر قىلغان قۇرئان ئايىتىنىڭ بىر قىسمىنى ئىنكار قىلغانلىقتۇر.

ئۈچىنچى، شەيتان گۇناھكارلارنىڭ كۈچىنى ئۆزلىرىگە زور كۆرسىتىپ مەغرۇرلۇققا تاشلاش ئارقىلىق ئازدۇرىدىغانلىقى.

تۆتىنچى، شەيتانغا ئەگىشىش (يەنى كۇفرىلىق ۋە گۇناھ-مەئسىيەتنى ئىشلەش) نىڭ بولسا تەرەققىي قىلمىغانلىق، قالاقلىق ۋە ئارقىغا چېكىنىش ئىكەنلىكى. ئەكسىچە، پەيغەمبەرگە ئەگىشىش بولسا ھەقىقىي تەرەققىيات ۋە ئىلغارلىق ئىكەنلىكى.

بەشىنچى، شەيتاننىڭ ئىنسان كۆرمىگەن بىر قىسىم نەرسىلەرنى كۆرەلەيدىغانلىقى.

ئالتىنچى، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ جامائىتىدىمۇ مۇناپىق ۋە ئىمانى ئاجىز كىشىلەرنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكى. شۇڭا، «پالانى جامائەتتە پاسىق ياكى مۇناپىق بار» دېگەن باھانە بىلەن شۇ جامائەتنى سۆكۈش دۇرۇس ئەمەستۇر.

يەتتىنچى، ئىماننىڭ زەئىپ بولماي كۈچلۈك بولۇشى جەڭ مەيدانىدىكى قورقۇنچنى يوقىتىپ، مۇستەھكەم تۇرۇشقا سەۋەب بولىدىغان ئەڭ كۈچلۈك ئامىل ئىكەنلىكى. ئىمان ئاسىيلىق (يەنى گۇناھ-مەئسىيەت)بىلەن زەئىپلىشىدۇ، ئىتائەت (يەنى تائەت-ئىبادەت ياكى ساۋابلىق ئىشلار)بىلەن كۈچىيىدۇ. ئىمان قانچىلىك زەئىپلەشكەنسېرى جەڭ مەيدانىدا مۇستەھكەم تۇرۇش شۇنچىلىك توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ.

سەككىزىنچى، باتىلغا چاقىرىق قىلغۇچىلار، جىھاد ۋە ئىتائەتتىن ئۇلتۇرغۇزغۇچىلار ۋە روھىي مەغلۇبىيەتچىلەرنىڭ دەۋلىرى قانچىلىك كاتتا بولۇپ كېتىشىدىن قەتئىينەزەر اللە قا تەۋەككۇل قىلىش ۋە اللە قا تايىنىشنىڭ پەرز ئىكەنلىكى.

# دىنىي ئەھكاملار

## ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئەقىدىسى ھەققىدە چۈشەنچە

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

ئاندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ ﷺ يەتتىنچى ئاسمانغا قەدەر مىراج قىلدۇرۇلۇپ، اللە ئۇنى سىدرەتۇل مۇنتەھا (يەنى جەننەتنىڭ يېنىدىكى بىر دەرەخ)غىچە ئېلىپ چىقتى. سىدرەتۇل مۇنتەھانىڭ يېنىدا مەئۋا جەننىتى بار ئىدى. اللە تعالى ئۆزى خالىغان ئىشلار بىلەن رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئىززەت-ھۆرمەت قىلىپ بىر بۆلۈك ئىشلارنى ۋەھيى قىلدى. اللە ئۇنىڭغا بىۋاسىتە سۆز قىلدى. بىر كېچە-كۈندۈزدە بەش ۋاق نامازنى پەرز قىلدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ جەننەتكە كىرىپ جەننەتتىكى نەرسىلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى، دوزاختىكى كۆرۈنۈشلەرنىمۇ ھەم ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. پەرىشتىلەرنى كۆردى، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنى اللە ياراتقان ئەسلى قىياپىتىدە كۆردى ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قەلبى بولسا كۆرگەن نەرسىلەرنى ئىنكار قىلمىدى بەلكى ئۇنىڭ كۆرگەن ھەممە نەرسىلىرى ئۆز كۆزى بىلەن ھەقىقىي كۆرگەن نەرسىلەردۇر. اللە تعالى بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسنى رەسۇلۇللاھ ﷺ نى باشقا پەيغەمبەرلەرگە قارىغاندا

(ئاخىرى 2- بەتتە)

(بېشى 1- بەتتە)

تىبخىمۇ ھۆرمەتلەش ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مەرتىۋە جەھەتتە پۈتۈن پەيغەمبەرلەردىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قىلدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ ئاسماندىن بەيتۇلمۇقەددەسكە چۈشۈپ، پەيغەمبەرلەرگە ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇپ بەرگەندىن كېيىن تاڭ ئېتىشتىن ئىلگىرى مەككىگە قايتىپ كەلدى. بۇ ھەقتە الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالنَّجْمِ إِذَا هَوَى ۞ مَا ضَلَّ صَاحِبُكُمْ وَمَا غَوَى ۞ وَمَا يَنْطِقُ عَنِ الْهَوَى ۞ إِنْ هُوَ إِلَّا وَحْيٌ يُوحَى ۞ عَلَّمَهُ شَدِيدُ الْقُوَى ۞ ذُو مِرَّةٍ فَاسْتَوَى ۞ وَهُوَ بِالْأُفُقِ الْأَعْلَى ۞ ثُمَّ دَنَا فَتَدَلَّى ۞ فَكَانَ قَابَ قَوْسَيْنِ أَوْ أَدْنَى ۞ فَأَوْحَى إِلَى عَبْدِهِ مَا أَوْحَى ۞ مَا كَذَبَ الْفُؤَادُ مَا رَأَى ۞ أَفَتُمَارُونَهُ عَلَى مَا يَرَى ۞ وَلَقَدْ رَآهُ نَزْلَةً أُخْرَى ۞ عِنْدَ سِدْرَةِ الْمُنْتَهَى ۞ عِنْدَهَا جَنَّةُ الْمَأْوَى ۞ إِذْ يَغْشَى السِّدْرَةَ مَا يَغْشَى ۞ مَا زَاغَ الْبَصَرُ وَمَا طَغَى ۞ لَقَدْ رَأَى مِنْ آيَاتِ رَبِّهِ الْكُبْرَى ۞﴾ «ساقىغان يۇلتۇزلار بىلەن قەسەمكى [1]، سىلەرنىڭ ھەمراھىڭلار (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) گۇمراھ بولمىدى ۋە يولدىن ئاداشمىدى [2]. (ئۇ) ئۆز نەپسى-خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ [3]. پەقەت ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان ۋەھىينىلا سۆزلەيدۇ [4]. ۋەھيىنى ئۇنىڭغا كۈچلۈك پەرىشتە (جىبرىئىل) تەلىم بەردى [5]. ئۇنىڭ (يەنى جىبرىئىلنىڭ) كۆرۈنۈشى چىرايلىق بولۇپ، يۇقىرى ئۇپۇقتا (ئۆز شەكلىدە) تۇردى [7-6]. ئاندىن ئۇ ئاستا-ئاستا (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) يېقىنلىشىپ تۆۋەنگە ساڭگىلىدى [8]. ئۇ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا) ئىككى ياچاق مىقدارى ياكى ئۇنىڭدىنمۇ يېقىنراق يېقىنلاشتى [9]. الله بەندىسىگە (جىبرىئىل ئارقىلىق تېگىشلىك) ۋەھيىلەرنى ۋەھيي قىلدى [10]. ئۇنىڭ كۆرگىنىنى دىلى ئىنكار قىلمىدى (يەنى راست كۆردى) [11]. (ئى مۇشرىكلار جامائەسى!) ئۇنىڭ كۆرگەنلىرى ئۈستىدە ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرە قىلىشامسىلەر؟ [12] ئۇ جىبرىئىلنى ھەقىقەتەن ئىككىنچى قېتىم سىدرەتۇلمۇنتەھا (دەرىخىنىڭ) يېنىدا كۆردى [14-13]. جەننەتۇلمەئۋا بولسا سىدرەتۇلمۇنتەھانىڭ يېنىدىدۇر [15]. (ئۇ) سىدرەتۇلمۇنتەھانى (ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ نۇرى) قاپلىغان چاغدا (كۆردى) [16]. (پەيغەمبەر) نىڭ كۆزى (ئوڭ-سولغا) بۇرالمىدى، (كۆزلەنگەن نەرسىدىن) ئۆتۈپ كەتمىدى [17]. شۈبھىسىزكى، ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ (قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) بۈيۈك ئالامەتلەرنى كۆردى [18]» (سۈرە نەجم 1- ئايەتتىن 18- ئايەتكىچە).

رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ نۇرغۇن مۆجىزىلىرى بار بولۇپ، تۆۋەندە ئۇنىڭ بەزىلىرىنى بايان قىلىمىز:

بىرىنچى، ئاي يېرىلىش مۆجىزىسى. بۇ ۋەقەلىك — پەيغەمبەر ﷺ نىڭ پەيغەمبەرلىكىگە دەلىل بولۇشى ئۈچۈن الله تعالى رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئاتا قىلغان كاتتا بىر مۆجىزىدۇر. بۇ ھادىسە مەككىدە مۇشرىكلار رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن مۆجىزە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلغان ۋاقىتتا يۈز بەرگەن.

ئىككىنچى، ئازغىنە تائامنى كۆپەيتىش مۆجىزىسى. بۇ مۆجىزە رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قولىدا نۇرغۇن قېتىم يۈز بەرگەن.

ئۈچىنچى، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇبارەك بارماقلىرى ئارىسىدىن قاچىدىكى سۇنىڭ كۆپىيىشى ۋە سۇنىڭ ئېتىلىپ چىقىشى ھەمدە يېيىلىۋاتقان تائامنىڭ رەسۇلۇللاھ ﷺ گە تەسبىھ ئېيتىپ بېرىشى. بۇ مۆجىزە رەسۇلۇللاھ ﷺ تەرەپتىن نۇرغۇن قېتىم يۈز بەرگەن.

تۆتىنچى، ماددىي دورىلارنى ئىشلەتمەي تۇرۇپ، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قولى ئارقىلىق كېسەللەرنىڭ ساقىيىشى ۋە بەزى ساھابىلەرنىڭ شىپا تېپىشى.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركىساندا)

# يۇلتۇزلار چىمىرلايدۇ

## تالقان غازىتى

سەفۋان ئىبنى ئۇمەييە، يەھۇدىيلار ۋە مۇناپىقلار مۇسۇلمانلارغا قارشى سۇيىقەست پىلانلاۋاتقان پەيتتە، ئەبۇ سۇفيان ئۆز قەۋمىنىڭ مەرتىۋىسىنى ساقلاش ۋە ئەرەبلەر ئارىسىدىكى كۈچىنى نامايەن قىلىش مەقسىتىدە تەسىرى كۈچلۈك، چىقىمى ئاز ۋە تېز سۈرئەتلىك ھەرىكەت پىلانلىدى. ئۇ: «مۇھەممەدكە ھۇجۇم قىلمىغۇچە جۇنۇپلۇقتىن پاكلىنىش ئۈچۈن بېشىمغا بىر تامچىمۇ سۇ تەگكۈزمەيمەن» دەپ نەزىر (يەنى ئەھدە، قەسەم) قىلدى. ئۇ قەسىمىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن 200 نەپەر ئاتلىق ئەسكەرنى باشلاپ مەدىنىدىن بىر بەرىيد (يەنى 20 كىلومېتىر ئەتراپىدا) يىراقلىقتا جايلاشقان سەييىب تېغىنىڭ باش تەرىپىگە چۈشتى لېكىن ئۇ مەدىنىگە كۈندۈزى ھۇجۇم قىلىشقا پېتىنالماي قاراقچىلارغا ئوخشاش ھەرىكەت قىلدى. ئۇ كېچە قاراڭغۇلۇقىدىن پايدىلىنىپ مەدىنىنىڭ ئەتراپىدىكى ھۇيەي ئىبنى ئەختەبىنىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇ ئىشىك ئېچىشنى سورىغان ئىدى، ھۇيەي ئىشىكنى ئېچىپ بېرىشكە ئۇنىمىدى ۋە ئەنسىرىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ بەنى نەزىر يەھۇدىيلىرىنىڭ رەھبىرى سەللام ئىبنى مىشكەم تەرەپكە يۈرۈپ ئۇلارنىڭ شۇ چاغدىكى خەزىنە باشلىقىنىڭ يېنىغا كىرىپ، ئۇنىڭدىن كىرىشكە رۇخسەت سورىغانىدى، ئۇ رۇخسەت بەردى ھەمدە ئەبۇ سۇفيانىنى ھاراق بىلەن مېھمان قىلىپ مەدىنىدىكىلەرنىڭ ئىشلىرىدىن خەۋەردار قىلدى. ئاندىن ئەبۇ سۇفيان كېچىدە ھەمراھلىرىنىڭ قېشىغا قايتىپ كېلىپ ئۇلاردىن بىر گۇرۇھ قوشۇننى يولغا سالدى. ئۇلار مەدىنىنىڭ ئۇرەيىز دېگەن يېرىگە ھۇجۇم قىلىپ نۇرغۇن خورما دەرەخلىرىنى كەستى ۋە كۆيدۈرۈپ تاشلىدى ھەمدە ئەنسارىلاردىن بىر كىشىنى ۋە ئۇنىڭ ئاغىنىسىنى تۇتۇۋېلىپ ھەر ئىككىلىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى-دە، مەككىگە تىكىۋېتىشتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ھامان دەرھال ئەبۇ سۇفيان ۋە ئۇنىڭ قوشۇنىنى قوغلاشقا ئاتلاندى لېكىن ئۇلار تېز سۈرئەت بىلەن قېچىپ كېتىشكەن ئىدى. مۇشرىكلار قاچقان ۋاقىتتا، قېچىش ئاسان بولسۇن ئۈچۈن ئۆزلىرىنى يەڭگىللىتىپ نۇرغۇنلىغان تالقاننى تاشلاپ قېچىشقان ئىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ قەرقەرە كۇدر دېگەن جايغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن قايتىپ كەتتى. مۇسۇلمانلار كاپىرلار تاشلاپ كەتكەن تالقانلارنى ئۆلجىلىرىغا باستى ۋە بۇ غازاتنى تالقان غازىتى دەپ ئاتاشتى. بۇ غازات ھىجرىيە 2- يىلى بەدر جېڭىدىن 2 ئاي كېيىن زۇلھەججە ئېيىدا (يەنى مىلادىيە 624- يىلى 5- ئايدا) يۈز بەردى. رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇ غازاتتا مەدىنىگە ئەبۇ لۇبابە ئىبنى ئابدۇلمۇنزىر رضي الله عنه نى ئەمىر قىلىپ قويغان ئىدى.

## يۇقىرىقى ۋەقەلىكلەردىن ئېلىنىدىغان پايدىلار

بىرىنچى، گەرچە مۇسۇلمانلار بەدردە مۇشرىكلارنى مەغلۇپ قىلغان بولسىمۇ، مەككىدىكى بۇتپەرەسلەر ھاكىمىيىتى، مەدىنە ئەتراپىغا جايلاشقان يەھۇدىيلار ھاكىمىيىتى ۋە مەدىنىدىن ئىبارەت يېڭى ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان ئىسلام دۆلىتى ئىچىدىكى مۇناپىقلار گۇرۇھىدىن ئىبارەت ھەرخىل گۇرۇھلارنىڭ بۇ يېڭى قۇرۇلغان ئىسلامىي دۆلەتكە بولغان سۇيىقەستىنى ئىزچىل توختاتمىغانلىقى.

ئىككىنچى، مۇشرىكلارنىڭ ئۆزئارا بىرلىشەلمەسلىكى ۋە چىقىشالماسلىقى بولسا مۇجاھىدلار قوشۇنىغا پايدىلىق بولۇپ، بۇ — كۇففارلارنىڭ ئويۇنچۇق ئاجىزلىق تەرىپىدۇر.

ئۈچىنچى، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مەدىنىدىكى ئايال-بالىلارنى مۇھاپىزەت قىلالايدىغان، كۈچ-قۇۋۋەت ئىگىسى بولغان بىر ئەمىرنى مەدىنىگە ئورۇنباسار قىلماي تۇرۇپ مەدىنىنىڭ سىرتىغا جەڭ قىلىش ئۈچۈن چىقمايدىغانلىقى.

تۆتىنچى، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ جامائەت ئەزالىرىنى ۋاقتى كەلسە ئەسكەر بولالايدىغان، ۋاقتى كەلسە ئەمىرمۇ بولالايدىغان قىلىپ تەربىيلەيدىغانلىقى چۈنكى رەسۇلۇللاھ ﷺ مەدىنىگە ئەبۇبەكرى ۋە ئۆمەر رضي الله عنهما دەك داڭلىق مۇھاجىر ساھابىلىرىنى ياكى ئەۋس قەبىلىسىنىڭ ئەمىرى سەئىد ئىبنى مۇئاز رضي الله عنه ۋە خەزرەج قەبىلىسىنىڭ ئەمىرى ئەسئەد ئىبنى زۇرارە رضي الله عنه دېگەندەك داڭلىق ئەنسارى ساھابىلىرىنى ئەمىر قىلماستىن بەلكى ئەبۇ لۇبابە رضي الله عنه نى ئەمىر قىلدى.

بەشىنچى، ئەمىر ئۆزىنىڭ جامائەت ئەزالىرىدىن يىراقلاپ كەتكەندە، جامائەت ئەزالىرىغا ئەمىر سايلاپ قويۇشىنىڭ — رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ سۈننەتلىرىدىن ئىكەنلىكى.

ئالتىنچى، مۇسۇلمانلار جامائىتى ئۆزىنىڭ ھەرىكەتچان ھالىتىنى ئىزچىل ساقلاش ئۈچۈن توختىماستىن ھەرىكەت قىلىپ تۇرۇشىنىڭ لازىملىقى. چۈنكى، جەمئىيەت، ئەسكەرلەر ۋە مۇسۇلمانلار ھەممىسى ئومۇمىيۈزلۈك توختاۋسىز ھەرىكەت قىلىشقا چاقىرىلغاندۇر. ھەرىكەتتە — بەرىكەت، ئىلاستىكلىق، تەدرىب (يەنى مەشىقلەندۈرۈش) باردۇر. شۇنداقلا ھەرىكەتتە نەپسلەرنى پاكلاش، تازىلاش ۋە تەربىيلەش باردۇر. مەيلى بۇ ھەرىكەت ئىبادەتكە ئالاقىدار بولسۇن، ياكى ئىجتىمائىيلىققا ئالاقىدار بولسۇن، ياكى ئىقتىسادىي ھەرىكەت بولسۇن ۋە ياكى ئەسكىرىي ھەرىكەت بولسۇن بەرىكەتلىك بولۇشتا ھەممىسى ئوخشاشتۇر ئەمما بەرىكەتنىڭ دەرىجىسى ئۆزئارا پەرقلىقتۇر.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

# ھەدىس ئۈنچىلىرى

عن أبي هريرة رضي الله عنه قال: جَاءَ رَجُلٌ إِلَى النَّبِي ﷺ فَقَالَ: يَا رَسُولَ اللهِ، أَيُّ الصَّدَقَةِ أَعْظَمُ أَجْرًا؟ قَالَ: أَنْ تَصَدَّقَ وَأَنْتَ صَحِيحٌ شَحِيحٌ تَخْشَى الْفَقْرَ، وَتَأْمُلُ الْغِنَى، وَلَا تُمْهِلْ حَتَّى إِذَا بَلَغَتْ الْحُلْقُومَ قُلْتَ لِفُلَانٍ كَذَا وَلِفُلَانٍ كَذَا، وَقَدْ كَانَ لِفُلَانٍ (متفق عليه).

## ھەدىسنىڭ تەرجىمىسى

ئەبۇ ھۇرەيرە رضي الله عنه دىن نەقىل قىلىنىدۇكى، بىر كىشى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يېنىغا كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ، قانداق سەدىقىنىڭ ئەجرى ئەڭ كاتتا؟» دەپ سورىغانىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «تېنىڭ ساغلام، مال-دۇنياغا ھېرىس بولۇۋاتقان ۋە كەمبەغەللىكتىن ئەنسىرەپ باي بولۇشنى ئارزۇ قىلىۋاتقان ھالىتىڭدە قىلغان سەدىقە — ئەجرى ئەڭ كاتتا بولغان سەدىقىدۇر شۇڭا سەن سەدىقە قىلىشنى كېچىكتۈرمىگىن. جان ھەلقۇمغا يەتكەندە پالانىغا مۇنچىلىك، پۇستانىغا مۇنچىلىك (دېگىنىڭنىڭ ھېچ پايدىسى يوق) چۈنكى بۇ ۋاقىتتا ئۇ مال ئاللىبۇرۇن باشقا بىرىگە مەنسۇپ بولۇپ بولغان بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى (بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس).

## ھەدىستىن چىقىدىغان پايدىلار

بىرىنچى، ئىنسان ئۆلۈم كېلىشتىن بۇرۇن سەدىقىگە ئالدىرىشىنىڭ لازىملىقى. چۈنكى، ئەجەل كەلگەندە قىلغان سەدىقىنىڭ پەزىلىتى تېنى ساق ۋە مال-دۇنياغا ھېرىس ۋاقىتتا قىلغان سەدىقىنىڭ پەزىلىتىگە قارىغاندا ئىنتايىن ئاز بولىدۇ. ئىنسان تېنى ساغلام ۋاقىتتا مال-دۇنياغا ھېرىس بولىدۇ چۈنكى ئۇ يەنە ياشاشنى ئارزۇ قىلىدۇ ۋە كەمبەغەللىكتىن ئەنسىرەيدۇ شۇڭا مال-دۇنيا ئۇنىڭ نەزىرىدە كاتتا نەرسە ھېسابلىنىدۇ ئەمما كېسەل بولغاندا بولسا دۇنيا ئۇنىڭ نەزىرىدە ھېچنەرسىگە تەڭ كەلمەيدىغان ئەرزىمەس نەرسە ھېسابلىنىدۇ، بۇ ۋاقىتتا ئىنسانغا مال-مۈلكىدىن سەدىقە قىلىش يەڭگىل تۇيۇلىدۇ.

ئىككىنچى، ئىنسان ئۆلۈم پەيتىدە سۆزلىسە، ھۇشىدىن كەتمىسىلا سۆزى ئېتىۋارلىق بولىدىغانلىقى ئەمما نېمە دەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلالمايدىغان دەرىجىدە ھوشىدىن كەتكەن بولسا ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ئېتىۋارسىز ئىكەنلىكى.

ئۈچىنچى، جان (يەنى روھ)نىڭ بەدەنىنىڭ ئاستى تەرىپىدىن چىقىپ ئۈستى تەرىپىگە ئۆرلەپ، شۇ ئۈستى تەرىپىدىن قەبزى قىلىنىدىغانلىقى. شۇڭا، رەسۇلۇللاھ ﷺ «جان ھەلقۇمغا يەتكەندە» دەپ ھەدىس كەلتۈرگەن. ئىنساننىڭ ئاۋۋال ئۆلىدىغان يېرى بەدىنىنىڭ ئاستى تەرىپىدۇر. ئاندىن روھ بەدەنىنىڭ ھەلقۇم تەرىپىگە ئۆرلەپ، ئاخىرىدا ئۆلۈم پەرىشتىسى روھنى بەدەندىن تارتىپ چىقىرىدۇ. الله تىن ھەممىمىزنىڭ ئەمەلىنى ياخشىلىق ۋە سائادەت بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇپ بېرىشىنى سورايمىز.

تۆتىنچى، ھىجرەت، جىھاد ۋە ئۇندىن باشقا پەرزلەرنى تەرك ئەتكەن ۋە گۇناھ-مەئسىيەتنى تەرك ئېتىشكە سەل قاراۋاتقان كىشىلەر ئۆلۈم كېلىشتىن بۇرۇن شۇنداقلا كېسەل بولۇپ قېلىشتىن بۇرۇن ساق ۋاقتىنى غەنىيمەت بىلىپ، الله قا تەۋبە قىلىشقا ئالدىراشنىڭ لازىملىقى.




# قەدىمكى ۋە ھازىرقى زاماندىكى خاۋارىجلار

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

كېيىن سەئىد ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى مەھمۇد مەنسەپكە ئولتۇرغان. ئۇ ھەممىسى ئېتىراپ قىلىدىغان ۋە ئىبازىيلار ئارىسىدا سالىھ دەپ سۈپەتلىنىدىغان كىشى بولۇپ، ئۇ ئاخىرى ھىجرىيە 328- يىلى قەتلى قىلىنغان.

سەئىدتىن كېيىن ئىبازىيلار تەرجىمھالى ئۆزلىرىگە مەجھۇل بولغان راشىد ئىبنى ۋەلىد دېگەن كىشىگە بەيئەت قىلىشتى. ئۇ ئابباسىي خىلاپەت ئارمىيىسىنى توسۇشقا ئۇرۇنۇپ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئابباسىيلار ۋالىسى ئۇنىڭغا ئەمىنلىك بەرگەن. ئۇ ئەمىنلىك بېرىلىپ

(ئاخىرى 3- بەتتە)

(بېشى 2- بەتتە)

ئازراق ۋاقتتىن كېيىن ھىجرىيە 342- يىلى ئۆلگەن. شۇنداق قىلىپ ئاتالمىش خەلىپىلىك ئاخىرلىشىپ ئۇممان رايونى ئابباسىي خىلاپىتىنىڭ ئىتائىتىگە كىرىپ ھىجرىيە 407- يىلىغا قەدەر داۋاملاشقان.

ئاندىن كېيىن ئىبازىيىلار خەلىل ئىبنى شازانغا بەيئەت قىلغان. خەلىل ئاببىاسىي خەلىپىسى قويغان ئۇممان ۋالىيسىنى قوغلىۋەتكەن. كېيىن خەلىل ئاببىاسىيلار تەرىپىدىن ئەسىرگە چۈشكەن. خەلىل ئەسىرگە چۈشكەندىن كېيىن ئىبازىيىلار ئۆزىگە مۇھەممەد ئىبنى ئەلى دېگەن كىشىنى ئىمام قىلىپ سايلىغان، ئاندىن ئاببىاسىيلار خەلىلنى قويۇۋەتكەن. ئۇ قايتىپ كەلگەن چاغدا مۇھەممەد ئىبنى ئەلى ئۇنىڭغا رازىمەنلىك بىلەن تەختنى بوشىتىپ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن خەلىل ھىجرىيە 435- يىلى ۋاپات بولغانغا قەدەر ھاكىمىيەت تۇتقان.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئاتالمىش ئىمام (يەنى «خەلىپە») راشىد ئىبنى سەئىد تەختكە ئولتۇرغان لېكىن نەھىد ۋە ئوقەيل دېگەن ئىككى قەبىلە ئۇنىڭغا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن. راشىد ئىسياننى بېسىقتۇرۇپ ۋاپات بولغانغا قەدەر مەنسەپتە ئولتۇرغان. ئېيتىلىشىچە، ئۇنىڭ ھاكىمىيىتىمۇ ھىجرىيە 445- يىلىدىن تارتىپ 453- يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن.

كېيىن ئۇممان ئىبازىيىلىرى ئارىسىدا نۇرغۇنلىغان پىتنە ۋە بۆلگۈنچىلىكلەر ئاشكارا بولغان، ھەتتاكى ئۇلار بۇ پىتنىدىن ئايرىلىپ بولغۇچە ئۇ پىتنىگە دۇچار بولغان. ئۇ يۇرتلارغا ئىنتايىن زەئىپ ئەمىرلەر كەينى-كەينىدىن ھاكىم بولۇپ، چوڭ خەلىپىلىكنى قولىغا ئېلىشقا نۇرغۇن قېتىم ئۇرۇنغان. مانا بۇ ئاتالمىش ئىماملارنىڭ جۈملىسىدىن بولغان ھاۋارى ئىبنى مالىك ھىجرىيە 809- يىلىدىن 832- يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن.

ئەبۇل ھەسەن ئىبنى خۇمەيس ئىبنى ئامىر ھىجرىيە 839- يىلى تەختكە ئولتۇرۇپ 846- يىلى ۋاپات بولغانغا قەدەر ھۆكۈم سۈرگەن. ئۇ بۇ جەرياندا بىر قىسىم توپىلاڭ ۋە بۆلگۈنچىلىكلەرگە يولۇققان. ئۇنىڭدىن كېيىن ھىجرىيە 885- يىلى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ئىبنى مۇھەممەد دېگەن كىشى تەختكە ئولتۇرغان.

كېيىن ھىجرىيە 906- يىلى مۇھەممەد ئىبنى ئىسمايىل ھازىرى دېگەن كىشى تەختكە ئولتۇرغان.

ئۇنىڭدىن كېيىن ھىجرىيە 942- يىلى ئۇنىڭ ئوغلى بەرىكات ئىبنى مۇھەممەد ئىسمايىل تەختكە ئولتۇرغان. بۇنىڭدىن كېيىن يەئرۇبىلار خاندانلىقى ھۆكۈم سۈرگەن.

دېمەك، ئىبازىيىلار ھازىرغا قەدەر ئۇممانداكۆپ نىسبەتنى ئىگىلەپ تۇرماقتا. ئۇمماندىكى ئاتالمىش كىچىك خەلىپىلىك ئەنە شۇ جەڭلەردىن كېيىن ئاخىرلاشتى. بۇ جەڭلەر بىر تەرەپتىن شۇ مەزھەپنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئارىسىدا يۈز بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن شۇ ئۇممان سۇلتانلىرى بىلەن ئىنگلىزلار ئارىسىدا يۈز بەردى. ئاتالمىش خەلىپىلىكنى قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان سىياسىي ۋە ھەربىي تىرىشچانلىقلار بىكارغا كەتتى. ئۇممانغا پەقەت بۇ سەئىدلەر خاندانلىقى ھۆكۈمرانلىق قىلدى. بۇ جەمەت ھازىرغا قەدەر ئۇممان ھۆكۈمىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ كەلمەكتە لېكىن بۇ سۇلتانلار ئىبازى مەزھىپىنى تەلتۆكۈس تۇتمىدى. شۇنداقتىمۇ، بۇ مەزھەپ بۇ يۇرتتا، بولۇپمۇ ئۆلىمالار ۋە ئاۋام خەلقلەرنىڭ نەزىرىدىكى فىقھى مەسىلىلەردە ھۆكۈم سۈرۈپ كەلدى.

ئۇمماندىكى خاۋارىج دۆلىتى ھەققىدە سۆزىمىزنى ئاخىرلاشتۇرۇشتىن ئىلگىرى بىز بۇ يەردە شۇنى تىلغا ئالماي تۇرالمايمىزكى، خاۋارىجلار ئۆز نوپۇزلىرىنى ئۇممانىدىن باشقا بەزىبىر مەشرىق رايونلىرىغا كېڭەيتكەن. مەسىلەن، نافىي ئىبنى ئەزرەق ئۆز نوپۇزىنى ئەھۋازدىن كەرمانغىچە كېڭەيتكەن. نەجدە بولسا ئۆز نوپۇزىنى يەمامە، بەھرەيىن، سەنئا ۋە خەتىف دېگەن رايونلارغىچە كېڭەيتكەن.

(اللە خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

# پايدىلىنىش بىلىملىرى

(چاتما ماتېرىياللار)




# ئافغانىستان ۋاخان كارىدورىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

شاھئولۇغ ئۆتۈشمىسى — Shahgo-logh. قوشۇمچە ئىسمى: پۇرنىسىنى، ئىنگلىزچىسى: Phur Nisini. تەخمىنەن كوئوردىناتى: شىمالىي كەڭلىك 36°50' N، شەرقىي ئۇزۇنلۇق 72°43' E؛ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 5240 مېتىر.

ئەھۋالى: جەنۇب تەرىپى پىيادە مېڭىشقا مۇۋاپىق، يول بىر مۇزلۇقتىن كېسىپ ئۆتىدۇ. ۋاخان تەرىپىدە بىر مۇز قىيا بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئاستى تەرىپى كەڭ كەتكەن مۇزلۇق.

ئاناشاھ ئۆتۈشمىسى — Anoshah. قوشۇمچە ئىسمى: كاچ، ئىنگلىزچىسى: Kach. تەخمىنەن كوئوردىناتى: شىمالىي كەڭلىك 36°49' N، شەرقىي ئۇزۇنلۇق 72°32' E؛ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 5360 مېتىر.

ئەھۋالى: ئۆتۈشمىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى يول تۈز ھەمدە ئۇ يېرىق مۇزلۇقلاردىن كېسىپ ئۆتىدۇ.

كوتگاز ئان ئۆتۈشمىسى — Kotgaz An. قوشۇمچە ئىسمى: سارئىشتېراھ كوتگاز، ئىنگلىزچىسى: Sar Ishter-agh Gotgaz. تەخمىنەن كوئوردىناتى: شىمالىي كەڭلىك 36°35' N، شەرقىي ئۇزۇنلۇق 72°02' E؛ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 5600 مېتىر.

ئەھۋالى: ياز پەسلىدە ئۆتۈشكە بولىدۇ ئەمما ئەتراپىنى پۈتۈنلەي مۇزلۇق تاغ قاپلاپ كەتكەن، ئاز ئىشلىتىلىدۇ.

سەد ئىستىراغ ئۆتۈشمىسى — Sad Istragh. تەخمىنەن كوئوردىناتى: شىمالىي كەڭلىك 36°28' N، شەرقىي ئۇزۇنلۇق 71°40' E.

6- ئايدىن 9- ئايغىچە پىيادە مېڭىشقا مۇۋاپىق، يېنىك يۈك ئارتىلغان ئۇلاغ 8- ئايدا ماڭالايدۇ. جەنۇب تەرىپىدىكى يول تىك ۋە مۇزلۇق. ياز ئايلىرى ۋە سەھەرلىرى بۇ مۇزلۇقتىن مېڭىش بىخەتەر چۈنكى مۇزلۇقنىڭ ئۈستى تەرىپى سىلىق ئەمەس بىراق چۈش ۋاقىتلىرى مۇز سىلىق بولۇپ كېتىدۇ. لىق يۈك ئارتىلغان ئۇلاغلار رەرەپىكە ئۆتكەندىن كېيىن مېڭىش ئاسان بولۇپ كېتىدۇ ۋە بۇ يول بىر مۇزلۇقتىن ئۆتىدۇ بىراق بۇ مۇزلۇقتىن 6- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 10- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە يۈك بېسىلغان ئۇلاغلار ئۆتەلەيدۇ. مۇزلۇقنىڭ ئاستىدىكى يولدىن ئۆتۈش ئاسان ۋە بۇ يول قازىدەھنىڭ يېزىلىرىغا تۇتۇشىدۇ.

خاتىنزا ئۆتۈشمىسى — Khathnza. تەخمىنەن كوئوردىناتى: شىمالىي كەڭلىك 36°23' N، شەرقىي ئۇزۇنلۇق 71°05' E؛ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4877 مېتىر.

ئەھۋال: يىلنىڭ ھەممە پەسلىدە پىيادە مېڭىشقا بولىدۇ ئەمما ئۇلاغ ئۆتەلمەيدۇ.

نۇقسان ئۆتۈشمىسى — Nuqsan. تەخمىنەن كوئوردىناتى: شىمالىي كەڭلىك 36°22' N، شەرقىي ئۇزۇنلۇق 71°34' E؛ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4755 مېتىر.

ئەھۋالى: 5- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 10- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە پىيادە مېڭىشقا بولىدۇ، 8- ۋە 9- ئايلاردا ئۇلاغ ماڭالايدۇ.

ئاغرام ئان ئۆتۈشمىسى — Agram An. تەخمىنەن كوئوردىناتى: شىمالىي كەڭلىك 36°15' N، شەرقىي ئۇزۇنلۇق 71°25' E؛ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 5060 مېتىر.

ئەھۋالى: 8- ئايدا 4300 مېتىر ئېگىزلىككىچە قار ئۇچرايدۇ. يول بەك تىك ۋە يېرىلغان مۇزلۇقلاردىن ئۆتىدۇ. دوراھ (Dorah) ئۆتۈشمىسىگە قارىغاندا يول قىسقا ۋە ئۆتۈش ئاسان بىراق ئىنتايىن سوغۇق شامالغا ئۇچرايدۇ.

ماچ ئان ئۆتۈشمىسى — Mach An. تەخمىنەن كوئوردىناتى: شىمالىي كەڭلىك 36°17' N، شەرقىي ئۇزۇنلۇق 71°25' E؛ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 5180 مېتىر.

ئەھۋالى: 6- ئايدىن 10- ئايغىچە پىيادە ئۆتۈشكە بولىدۇ. ئۆتۈشمىدە يۇمشاق توپىلىق ۋە تاشلىق يانباغىرلار بار، ھايۋانلارنىڭ ئۆتۈشىگە ماس كەلمەيدۇ.

ئۇنى ئان ئۆتۈشمىسى — Uni An. تەخمىنەن كوئوردىناتى: شىمالىي كەڭلىك 36°09' N، شەرقىي ئۇزۇنلۇق 71°17' E؛ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4785 مېتىر.

ئەھۋالى: 7- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 10- ئايغىچە پىيادە مېڭىشقا بولىدۇ. دوراھ بىلەن ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئۆتۈشمە ئەتكەسچىلەر تەرىپىدىن پايدىلىنىلىدۇ چۈنكى ئۇلار چوڭ يوللاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇشى كېرەك.

دوراھ ئان ئۆتۈشمىسى — Dorah An. تەخمىنەن كوئوردىناتى: شىمالىي كەڭلىك 36°07' N، شەرقىي ئۇزۇنلۇق 71°14' E؛ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4511 مېتىر.

پىيادە مېڭىش ئۈچۈن 5- ئايدىن 11- ئايغىچە ئوچۇق ۋە ئۇلاغلار ئۈچۈن 6- ئايدىن 10- ئايغىچە ئوچۇق. ياز پەسلىدە قار يوق لېكىن 6- ئايدا كۈچلۈك بوران-چاپقۇنغا ئۇچرايدۇ. بۇ يول شىمالىي ئافغانىستان بىلەن ھىندىستان تەۋەلىكىدىكى رايونلارنىڭ ئاساسلىق سودا يولىدۇر.

تەخمىنەن ئورنى ۋاغجىر ئۆتۈشمىسى بىلەن بوزاي گۈمبەزنىڭ ئوتتۇرىغا توغرا كەلگەن ئورۇندىكى كارىدورنىڭ شەرقىي جەنۇب نۇقتىسىدىن سۇ ئېقىنىنىڭ جەنۇبىغا بۇرۇلۇپ دېلھىساڭ (Delhi Sang) ئۆتۈشمىسى ئارقىلىق پاكىستانغا ئۆتكىلى بولىدۇ. بۇ يولنىڭ كۆپ قىسمى پۈتۈن يىل ئېرىمەيدىغان مەڭگۈلۈك قارلىق يەرلەردىن ئۆتىدۇ. تىك قىيالىقتىن تۆۋەنگە قاراپ ھونزا (Hunza)غا چۈشكەندىن كېيىن داۋاملىق ماڭساق كالامدارچى (Ka-lam Darchi) ئارقىلىق مىسكەر (Mis-gar) گە بارغىلى بولىدۇ. كارىدوردىن ھونزاغا بارىدىغان ئاساسىي يول — ئايلانما يول بولۇپ، شەرققە قاراپ ۋاغجىر ئۆتۈشمىسىدىن تاغدۇمباش (Tagh-dumbash) پامىرنىڭ بېشىغا بارغاندىن كېيىن جەنۇبقا قاراپ كىلىك ئۆتۈشمىسى ياكى مىنتىكە ئۆتۈشمىسى ئارقىلىق كالامدارچىغا بارغىلى بولىدۇ. لەنگەر (Lyangar)نىڭ تەخمىنەن 16 كىلومېتىر شەرقىدە پاكىستان كونتروللۇقىدىكى گىلگىت ۋە ھونزا رايونىغا بارغىلى بولىدىغان يول تۈگۈنلىرى بار. دېلھىساڭ ئۆتۈشمىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا توغرا كەلگەن يول بولسا ئىرشاد ئۆۋىن ئۆتۈشمىسى بولۇپ، بۇ ئۆتۈشمە بىر مىلغا يەتمىگەن ئارىلىق ئىچىدىكى ئىككى ئۆتۈشمىدۇر. بۇ ئۆتۈشمىلەر — ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 6 كىلومېتىر ۋە 8 كىلومېتىر بولغان ئۆزئارا ئالمىشىپ تۇرىدىغان ئىككى چىغىر يول تەرىپىدىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ. لەنگەرنىڭ غەربىگەرەك توغرا كەلگەن ئورۇندا خورابورت ۋە گارزان ئۆتۈشمىلىرى بار بولۇپ، بۇ ئۆتۈشمىلەر باھار ۋە كۈز پەسىللىرىدە بىر قانچە ھەپتە ئېچىلىدۇ.

يوللار شىمالىي يۆنىلىشتە كارىدورنىڭ شىمالىدىكى چوقچىيىپ تۇرغان قىسمىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە قاراپ ئېقىندىن ئۆتۈپ ئانداماڭ داۋان (Andaman Dawan) ۋە جامانشۇر (Jaman Shur) قاتارلىق ئېگىزلىكتىكى ئۆتۈشمىلەر ئارقىلىق ئىككىگە بۆلۈنۈپ كېتىدۇ ۋە ئاخىرىدا سارىقۇل (Sari qul ) كۆلىنىڭ شەرقى تەرىپىگە توغرا كېلىدىغان چوڭ پامىرغا تۇتىشىدۇ. بوزۇيگۈمبەزنىڭ شەرقىي شىمالغا تەخمىنەن 32 كىلومېتىر كېلىدىغان ئورۇندا ئانداماڭ سۇ ئېقىنى غەربىي شىمال تەرەپتىن بۆلۈنگەن قالايمىقان سۇ ئېقىنلىرىغا ئېقىپ كىرىدۇ (بۇ يەر ئاقسۇ سۇ مەنبەسى دەپ ئاتىلىدۇ). ئانداماڭ ئېقىنى ۋە ئۇنىڭ غەربىي تارمىقى بويىچە ئالدىغا قاراپ ماڭساق، سالىسبۇرىي چوققىسىنىڭ شەرق ۋە شىمال تەرىپىدىكى يانباغىرى ئۇچرايدۇ، بۇ يەردىن ئۆتسەك ئاندىيمىن داۋان (An-deymin Dawan)دىكى چېگرا ئارقىلىق (بۇ يەرنىڭ كوئوردىناتى شىمالىي كەڭلىك 32°24' N، شەرقىي ئۇزۇنلۇق 74°14' E) تاجىكىستانغا كىرگىلى بولىدۇ. چوققىدىكى كىچىك كۆلچەكنىڭ جەنۇب ۋە شىمالغا سۇ چىقىرىدىغان ئېغىزلىرى بار. بۇ يەرنىڭ شىمال ۋە شەرق تەرىپىدىن يول ئاندىيمىن ئېقىنى ۋە ئىستىك (Istyk) دەرياسىنى بويلاپ سوزۇلۇپ ئاخىرىدا قىزىلرىباتنىڭ 40 كىلومېتىر شىمالىدىكى توختامىيش (Tokhtamysh) دېگەن يەردە ئاقسۇ دەرياسىنىڭ شىمالىي ئېقىنىغا يېتىپ بارىدۇ. ئاندامېيىن ۋە ئاقسۇ دەريالىرىنىڭ تەخمىنەن 12 كىلومېتىر شەرقىدە ۋە بوزويگۈمبەزنىڭ 45 كىلومېتىر شەرقىدىكى پاكار يانتۇلۇقلار ئارىسىدىكى چىغىر يوللاردىن شىمالغا قاراپ ماڭساق جۇەنشۇر ياكى ئورتا بېل (Juan> Shur<Urtd - Bel) ئۆتۈشمىسىگە ئاندىن پەسكە چۈشسەك ئىستىك دەرياسى يولىغا بارغىلى بولىدۇ.

پامىر دەرياسى بىلەن ۋاخان دەرياسىنىڭ قوشۇلۇش نۇقتىسىدىكى لەنگەر يېزىسىنىڭ شەرقىدە ۋاخان كارىدورى ئۆيمانلىقلارنى تەشكىل قىلىدۇ ۋە بۇ ئۆيمانلىقلار ئېگىز تاغ قاپتاللىرى بىلەن قورشالغان. بۇ رايوننى «دۇنيانىڭ ئۆگزىسى» دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

(اللە خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)



# جىھاد چەشمىلىرى

■ 10- ئاينىڭ 15- كۈنى مالى مۇجاھىدلىرى مالىنىڭ مۇپتى ۋىلايىتى دۇنقال رايونىدا مۇرتەد ئارمىيىنىڭ بىر ئەسكىرىي بازىسىغا قارىتا توپ قورال ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 4 نەپەر ئەسكەر ئۆلۈپ بىر قانچە نەپەر ئەسكەر يارىلانغان.

■ 10- ئاينىڭ 16- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ فاراخ ۋىلايىتى شىبىكو رايونىغا قارىتا ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىپ، بۇ رايوننى مۇكەممەل فەتھ قىلغان، نەتىجىدە مۇرتەد ئارمىيە ئەسكەرلىرىدىن 12 نەپىرى ئۆلۈپ، 8 نەپىرى يارىلانغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، مۇجاھىدلار 12 دانە ئەسكىرىي ماشىنىنى ۋەيران قىلىپ، كۆپلىگەن مىقداردا قورال-ياراغ ۋە ئوق-دورىلارنى غەنىيمەت ئالغان.

■ ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى مۇشۇ 6 يىل جەريانىدا كېنىيەدە 125 قېتىم جەڭ ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان بولۇپ، بۇ جەڭ ئەمەلىيەتلىرىنىڭ نەتىجىلىرى تۆۋەندىكىچە:

16 دىن ئارتۇق ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە ساقچى ئىدارىلىرى ۋەيران بولغان؛ 79 دىن ئارتۇق ئەسكىرىي ماشىنىنى پاچاقلاپ تاشلىغان؛ 760 تىن ئارتۇق ئەسكەرنى ئۆلتۈرۈپ، 230 دىن ئارتۇق ئەسكەرنى يارىلاندۇرغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە 15 تىن ئارتۇق ئەسكىرىي ماشىنىنى غەنىيمەت ئالغان.

■ كالىفورنىيە شىتاتىدا يۈز بەرگەن ئوت ئاپىتى تاھازىرغىچە داۋاملاشماقتا. بۇ ئوت ئاپىتى تەسىرىدە ھازىرغىچە 42 نەپەر ئادەم ئۆلگەن ۋە 100 دىن ئارتۇق ئادەمنىڭ ئىز-دېرىكى بولمىغان، 100 مىڭ دىن ئارتۇق ئائىلىلىك ئۆز ئۆيلىرىدىن كۆچۈرۈلگەن، 850 كۋادرات كىلومېتىر يەر كۆيۈپ بولغان، 5700 دىن ئارتۇق قۇرۇلۇش ۋەيران بولغان، ھازىرغىچە بولغان ئىقتىسادىي زىيان 3 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكەن.

■ 10- ئاينىڭ 17- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرىدىن 8 نەپەر پىدائىي قېرىندىشىمىز پاكتىيا ۋىلايىتىنىڭ باش ئىستىخبارات مەركىزىگە قارىتا ئىنغىماس ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان. بۇ مەركەزدە ئىستىخبارات ئەمەلدارلىرى ۋە ساقچى- ئوفىتسېرلار قوشۇلۇپ 350 دىن ئارتۇق ئادەم بار بولۇپ، قېرىنداشلىرىمىز 5 سائەت قاتتىق جەڭ قىلىش نەتىجىسىدە مۇرتەد ئارمىيە ئەسكەرلىرىدىن 277 نى ئۆلتۈرۈپ، 162 نى يارىلاندۇرغان.

■ 10- ئاينىڭ 18- كۈنى يەمەننىڭ ئەبيان ۋىلايىتى مۇدىيە رايونىدا تاجاۋۇزچى مۇرتەد ئارمىيە ئەسكەرلىرى يەمەن ئەلقائىدە مۇجاھىدلىرى تەرىپىدىن قويۇلغان مىنانى تازىلاش جەريانىدا، مىنا پارتلاپ كېتىپ تاجاۋۇزچى مۇرتەد ئارمىيىنىڭ بىر نەپەر ئەسكىرىي مەسئۇلى ئۆلگەن ۋە ئەتراپىدىكى ئەسكەرلەر يارىلانغان.

■ 10- ئاينىڭ 18- كۈنى بەششار ئەسەد ئارمىيىسى سۇرىيىنىڭ دەمەشق ۋىلايىتى غەربىي غۇتا رايونىدىكى تەللە بەردايە دېگەن جايغا ئىلگىرىلەشكە ئۇرۇنغان. الله نىڭ نۇسرەت بېرىشى، ئاندىن قالسا مۇجاھىدلارنىڭ سابىت قەدەم تۇرۇشى بىلەن بۇ شەيتان قوشۇنلىرى خار ھالەتتە ئارقىغا چېكىنىپ، 5 دانە تانكىسى ۋەيران بولغان ۋە تانكا ئىچىدىكى ئەسكەرلىرىنىڭ ھەممىسى جەھەننەمگە ئۇزىغان.

■ 10- ئاينىڭ 21- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرىدىن بىر نەپەر مۇجاھىد قېرىندىشىمىز ئافغانىستان پايتەختى كابۇلدا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرىنىڭ ماشىنا ئەترىتىگە قارىتا پىدائىيلىق ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 15 نەپەر ئەسكەر ئۆلگەن ۋە يارىلانغان.

■ ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى 9- ئاينىڭ 21- كۈنىدىن 10- ئاينىڭ 21- كۈنىگىچە بولغان بىر ئاي جەريانىدا 669 قېتىم جەڭ ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان بولۇپ، بۇ جەڭ ئەمەلىيەتلىرىنىڭ نەتىجىسى تۆۋەندىكىچە:

مۇرتەد ئارمىيە ئەسكەرلىرىدىن 1659 نەپەرنى ئۆلتۈرۈپ، 885 نەپەرنى يارىلاندۇرغان؛ تاجاۋۇزچى ئامېرىكا ئەسكەرلىرىدىن 46 نەپەرنى ئۆلتۈرۈپ، 17 نەپەرنى يارىلاندۇرغان؛ بىر دانە ئەسكەر توشۇغۇچى ئايروپىلان، بىر دانە ئۇچقۇچىسىز جاسۇس ئايروپىلانى ۋە 262 دانە ئەسكىرىي ماشىنىنى ۋەيران قىلغان.

■ 10- ئاينىڭ 22 -كۈنى بىر نەپەر مۇجاھىد قېرىندىشىمىز مۇرتەد ئارمىيە ئەسكەرلىرىگە ئوخشاش كىيىنىپ ئافغانىستاننىڭ لەغمەن ۋىلايىتى غەمبىرداك رايونىدىكى مۇرتەد ئارمىيىنىڭ ئەسكىرىي بازىسىغا كىرىپ، بۇ بازىدىكى تاجاۋۇزچى ئامېرىكا ئەسكەرلىرىدىن 13 نەپەرنى ئۆلتۈرگەن ۋە ئۆزى ئىنشائاللاھ شەھىدلىك ماقامىغا ئېرىشكەن.

■ مالى مۇجاھىدلىرىنىڭ 5- ئايدىن باشلاپ 10- ئايغىچە بولغان 5 ئاي ئىچىدىكى جەڭ ئەمەلىيەتلىرىنىڭ نەتىجىسى تۆۋەندىكىچە:

مۇرتەد ئارمىيە ئەسكەرلىرىدىن 64 نى ئۆلتۈرۈپ، 91 نى يارىلاندۇرغان ۋە 6 نەپىرنى ئەسىر ئالغان؛ 7 دانە ئەسكىرىي ماشىنا ۋە ئېغىر-يېنىك تىپتىكى قورال-ياراغلارنى غەنىيمەت ئالغان.

■ 10- ئاينىڭ 22- كۈنى مىسىر مۇجاھىدلىرى مۇرتەد سىسى ئارمىيىسىگە قارشى پىستىرما ئەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىپ، مىسىر ئالاھىدە قىسىم ئەسكەرلىرىدىن 58 نەپەرنى ئۆلتۈرگەن.

■ 10- ئاينىڭ 23- كۈنى بەششار ئەسەد ئارمىيىسى سۇرىيىنىڭ لازىقىيە ۋىلايىتى جەبەل تۈركمەن رايونىدىكى مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىزنىڭ نۇقتىلىرىغا قارىتا رازۋېتكىغا چىققاندا، مۇجاھىدلار تەرىپىدىن قويۇلغان پىستىرمىغا چۈشۈپ 2 نەپەر مەسئۇل بىلەن 5 نەپەر ئەسكەر جەھەننەمگە ئۇزىغان.

■ 10- ئاينىڭ 23- كۈنى يەمەن ئەلقائىدە مۇجاھىدلىرى يەمەننىڭ ئەبيان ۋىلايىتى مۇدىيە شەھىرى ئەتراپىدىكى تاجاۋۇزچى بىرلەشمە ئارمىيىنىڭ بىر مەركىزىگە قارشى ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان. بۇ جەڭ ئاۋۋال پىدائىيلىق قىلىش بىلەن باشلانغان بولۇپ، ئارقىدىن ئىنغىماسچى قېرىنداشلىرىمىز باستۇرۇپ كىرگەن. الله نىڭ ياردىمى ئاندىن قالسا مۇجاھىدلىرىمىزنىڭ سابىت قەدەم تۇرۇشى بىلەن قېرىنداشلىرىمىز بۇ بىرلەشمە ئارمىيە ئەسكەرلىرىدىن 50 كە يېقىننى ئۆلتۈرۈپ، 50 كە يېقىننى يارىلاندۇرغان. 7 دانە ئەسكىرىي ماشىنىنى ۋەيران قىلغان.

■ 10- ئاينىڭ 24- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ روزگان ۋىلايىتى جاھارچىنو رايونىدىكى 7 بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش پونكىتىنى فەتھ قىلىپ، مۇرتەد ئارمىيە ئەسكەرلىرىدىن 22 نەپەرنى ئۆلتۈرگەن.

# ئەرەب تىلى ئۆگىنىمەن

| سۆزلۈكلەر | | جۈملىلەر | |
|---|---|---|---|
| مَشْهُورٌ | مەشھۇر | هُوَ مَشْهُورٌ بِشَجَاعَتِهِ | ئۇ باتۇرلۇقى بىلەن مەشھۇر |
| وَ | ۋە، ھەم | نَفْعَلُ مَا أَمَرَنَا اللّٰهُ وَ رَسُولُهُ | الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى نېمىگە بۇيرىسا شۇنى قىلىمىز |
| بَلْ | بەلكى | بَلْ هُمْ قَوْمٌ خَصِمُونَ | بەلكى ئۇلار جېدەلخور قەۋمدۇر |
| إِمَّا | ياكى | هَذَا الرَّجُلُ إِمَّا غَنِيٌّ اَوْ فَقِيرٌ | بۇ كىشى ياكى باي، ياكى كەمبەغەل |
| اَمَّا | ئەمما | فَأَمَّا الَّذِيْنَ آمَنُوا يَعْلَمُونَ أَنَّهُ الْحَقُّ | ئەمما ئىمان كەلتۈرگەنلەرگە كەلسەك، ئۇلار ئۇنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ |
| بَلَدٌ | دۆلەت، شەھەر | مِصْرٌ بَلَدٌ إِسلامِيٌّ عَرِيْقٌ فِي تارِيْخِهِ | مىسىر قەدىمىي تارىخقا ئىگە بىر ئىسلام دۆلىتى |
| قَرِيَةٌ | يېزا | مَنْظَرُ قَرْيَتِنَا جَمِيْلٌ جِدًّا | بىزنىڭ يېزىنىڭ مەنزىرىسى بەك گۈزەل |
| مَدْرَسَةٌ | مەدرىسە | كَمْ طَالِبٍ فِي مَدْرَسَتِكُمْ | سىلەرنىڭ مەدرىسىدە قانچە ئوقۇغۇچى بار؟ |
| بَيْتٌ | ئۆي | لَا أَرْجِعُ الْيَوْمَ إِلَى الْبَيْتِ | مەن بۈگۈن ئۆيگە قايتمايمەن |
| بَابٌ | ئىشىك | قَدْ كَانَ بَابُ الْمَسْجِدِ قَدِيْمًا | مەسجىدنىڭ ئىشىكى بەك كونىراپ كېتىپتۇ |
| كُوَّةٌ | تۈڭلۈك | خَرَجَ الْعُصْفُورُ مِنَ الْكُوَّةِ | قۇشقاچ تۈڭلۈكتىن چىقىپ كەتتى |
| وَاسِعٌ | كەڭ | بَيْتُهُ الَّذِي فِي الْقَرْيَةِ وَاسِعٌ جِدًّا | ئۇنىڭ يېزىدىكى ئۆيى ناھايىتى كەڭ |



# سەبىيلەر سەھىپىسى

1. تۆۋەندىكى شېئىرىي تېپىشماقلارنى تېپىپ بېقىڭ:

كېچە-كۈندۈز تىنمايدۇ،
توختىماستىن سانايدۇ.
ئۆمۈر بويى سانىسا،
ئون ئىككىدىن ئاشمايدۇ.



ئىككىنچى تېپىشماق:

مېنىڭدە بار سەندە يوق،
جېنىمدا بار تەندە يوق.
ئالەمدە بار ئايدا يوق،
ئاسماندا بار يەردە يوق.



2. بۇ تېپىشماقنى قېنى كىم تېز ھەم توغرا تاپالايدۇ؟

سەككىز ئادەمنىڭ سەككىز كىشىلىك تاماقنى يەپ بولۇشىغا 10 مىنۇت كەتسە، 28 ئادەمنىڭ 28 كىشىلىك تاماقنى يەپ بولۇشىغا قانچىلىك ۋاقىت كېتىدۇ؟

ئالدىنقى ساندىكى تېپىشماقلارنىڭ جاۋابى:

1. سايە.
2. مەش.
3. زەيد ئىبنى ھارىسە رضي الله عنه (سۈرە ئەھزاب 37- ئايەت).

# ئائىلىدىكى رېتسېپلار

## يۆتەل ئۈچۈن شىپالىق رېتسېپلار

بىرىنچى رېتسېپ: بىر تال ئامۇت، بەش گرام چاكاندا تەييارلىنىدۇ. ئامۇتنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئېچىپ چاكاندا سېلىنىدۇ، ئاندىن قازاندا قاينىتىلىدۇ. ئامۇت قايناپ پىشقاندا ئۇنىڭ ئىچىدىكى چاكاندا ئېلىۋېتىلىپ، ئارىسىدا يىغىلىپ قالغان سۈيى ئىسسىقىدا ئىچىلىدۇ. بۇ ـــ بەلغەم چىقمايدىغان قۇرۇق يۆتەلگە پايدا قىلىدۇ (إن شَاء الله).

ئىككىنچى رېتسېپ: ناۋات بىلەن ھەسەلنى قازانغا سېلىپ ئىسسىتقاندىن كېيىن، ئېزىلگەن ياڭاق مېغىزى ۋە زەنجىۋىلنى سېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ پىشۇرۇپ، بىر قۇتىغا قاچىلاپ قويۇپ، كۈنىگە تۆت-بەش قېتىمدىن، ھەر قېتىمدا بىر قوشۇق يېسە يۆتەلگە شىپا بولىدۇ (إن شَاء الله).

ئۈچىنچى رېتسېپ: ئاق تۇرۇپنى يالپاقلاپ توغراپ، زەنجىۋىل ۋە ئامۇتلارنى مۇۋاپىق مىقداردا ئارىلاشتۇرۇپ قاينىتىپ ئىچسە، شاخچە نەپەس يولى ياللۇغىدىن بولغان يۆتەلگە شىپا بولىدۇ (إن شَاء الله).

تۆتىنچى رېتسېپ: كۆك تۇرۇپنى توغراپ، ئۇششاق چاناپ سۈيىنى چىقىرىپ، بىدە سۈيى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قاينىتىپ ئىچسە، ساغۇچ بەلغەم كۆپ چىقىدىغان، ئىسسىقتىن بولغان يۆتەلگە شىپا قىلىدۇ. كۆك تۇرۇپنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئويۇپ ئىچىگە ھەسەل قۇيۇپ ئوتقا قاقلاپ قىزىتىپ ئىچسە، ياكى ئۇنىڭغا ئۈچ تال خام زەنجىۋىل سېلىۋېتىپ قاينىتىپ ياكى مەلھەم قىلىپ ئىچسە، سوغۇقتىن بولغان يۆتەلگە شىپا بولىدۇ (إن شَاء الله).

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، نىلۇپەر شەربىتى، سېرىق پۇرچاق ئۈندۈرمىسى، چىلان، ئاپېلسىن ۋە پېدىگەن، كەرەپشە يېسىمۇ بولىدۇ. بۇ يېمەكلىكلەرنىڭ تالنى ساغلاملاشتۇرۇش، يۆتەلنى توختىتىش ۋە بەلغەم ھەيدەش رولى بار.

## ئەسكەرتىش

قېرىنداشلىرىمىزنىڭ گېزىت، رادىئو ۋە ژۇرناللىرىمىزنى ماقالە، شېئىر، سەرگۈزەشتە، تارىخ، ئەسكىرىي تەلىم، جەڭ مەيدانىدىكى ئاجايىباتلار، تېببىي مەلۇماتلار... قاتارلىق ھەرخىل ژانىردىكى ئەسەرلەر بىلەن تەمىنلىشىنى سەمىمىي ئىلتىماس قىلىمىز.

بۇ گېزىتنى تارقىتىشقا ياردەملەشكەن، كۈچ چىقارغان ۋە قوللاپ-قۇۋۋەتلىگەن بارلىق قېرىنداشلىرىمىزغا الله تعالى نىڭ مەغپىرىتى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى بولسۇن! سالىھ دۇئالىرىڭلاردا مۇجاھىد قېرىنداشلىرىڭلارنى ئۇنۇتمىغايسىلەر!

والسلام عليكم ورحمة الله وبركاته